# ئاللاھ قەيەردە؟



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

بىر كۈنى گۈلشەن بامدات نامازدىن بۇرۇن ئويغىنىپتۇ.



ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنى ئىزدەپتۇ، ئۇنى ھۇجرىسىدا جايىنىماز ئۈستىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان ھالدا كۆرۈپتۇ. ئۇ ئانىسىنى ناماز ئوقۇپ بولغۇچە ئەدەپ بىلەن ساقلاپ تۇرۇپتۇ.



ئۇ ئانىسىدىن:- «ئانا، تېخى بامدات نامىزىغا ئەزان چىقمىغان تۇرسا، بۇ ۋاقىتتا قانداق ناماز ئوقۇۋاتىسىز؟» دەپ سوراپتۇ.




ئانىسى:- قىزىم، بۇ سۇبھى ۋاقتى ناھايىتى
ئەۋزەل ۋاقىت.
بۇ ۋاقىتتا ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاھقا دۇئا
قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن تەلەپ
قىلىشى كېرەك. - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.


ئانا، ئاللاھ قەيەردە؟
قىزىم، ئاللاھ ئاسماندا. ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، گەپ-سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ.


ئانا، بىز نېمىشقا ئاللاھنى كۆرەلمەيمىز؟
قىزىم، ئاللاھ بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى ئۆزىنى كۆرەلمەيدىغان شەكىلدە ياراتقان، شۇڭا بۇ دۇنيادا ئاللاھنى كۆرەلمەيمىز.


ئانا، ئۇنداقتا ئاللاھنى
قاچان كۆرەلەيمىز؟
بىز ئاللاھنى ئاخىرەتتە
چوقۇم كۆرەلەيمىز.


قىزىم، مۇسۇلمانلار ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
ئانا، مەنمۇ ئاللاھنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن، چۈنكى، مەنمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىمەن.


قىزىم، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىڭ.
بولىدۇ، ئانا. مەن ئەدەپلىك ئەخلاقلىق بالا بولۇپ ياخشى ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىمەن.


ياخشى قىزىم، بۇ دۇنيادا ئاللاھ
بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغان
كىشى ناماز ئوقۇشى كېرەك،
ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماقچى
بولغان كىشى قۇرئان كەرىمنى
ئوقۇشى كېرەك.

بۇ ھېكايىدىن ئېرىشكەنلىرىمىز:

* ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىمان ئېيتىش.
* ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش.
* ئاللاھنىڭ ئاسماندا ئەرشى ئۈستىدە ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش.

